# داۋا - دۇمباق چېلىنىپ قۇرۇلۇشلار ئالدىراش باشلاندى

# تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يوللار تېخىمۇ راۋانلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يول ئۇلى مۇداپىئە - قوغداش قۇرۇلۇشى، قۇم - بوراندىن مۇداپىئەلىنىش قومۇش قاشاسى قۇرۇلۇشى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى بېيجىڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى 1 - شىركىتى خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى S1 بۆلىكى تۈرىنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن دىرېكتورى جاڭ تيېفېڭ.

نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش تېخىمۇ تېزلىتىلدى. G30نىڭ شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋېڭ ۋېنجۈڭ مۇنداق دېدى: تۈردىكى تونېللارنىڭ ھەممىسى تۇتاشتۇرۇلدى، توپا - ياغاچ قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە سۈرئىتى %80تىن ئاشتى، كېيىنكى مەزگىلدە يەنە ئۇسكۇنە ۋە خادىملار داۋاملىق كۆپەيتىلىپ، بۇ يىل قاتناشنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئايرودروم قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش نەق مەيدانى ئوخشاشلا قايناق - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ شىمالىي رايونىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ يىل ئىچىدە يەر ئاستى قۇرۇلما قۇرۇلۇشى ۋە يەر ئۈستى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسىنىڭ %70 قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىدۇ، پىلان بويىچە بۇ قۇرۇلۇش 2023 - يىلىنىڭ ئاخىرى تاماملىنىدۇ.

## شىنجاڭنىڭ شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشىغا تىرەك بولۇش

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 5تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، مېلامىن بېسىلغان بىر پويىز جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىپ، موسكۋاغا قاراپ ماڭدى.

«يىغىلىش مەركىزى قۇرۇلغان ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش كۆلىمى ئەڭ دەسلەپكى ھەپتىدە بىر نۆۋەتچى پويىز قاتناشتىن كۈندە ئۈچ نۆۋەتچى پويىز قاتناشقا كۆپەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمى سىجىل تېزلىتىلدى» دېدى شىنجاڭ دالۇچياۋ(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى نەن جۈن.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى شىنجاڭنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى «نام كارتىسى»غا ئايلاندى. بۇ «نام كارتىسى»نى قانداق قىلىپ تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا، ئۈرۈمچى تاموژنىسى 12 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋاقىت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، كەسپنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى قوللاشنى چۆرىدەپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى.

نۆۋەتتە، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش لىنىيەسى 21گە يېتىپ، 23 دۆلەت ۋە رايوننى قاپلاپ، كۆلەملەشكەن تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى، تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات شىنجاڭ ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلەندى.

بۈلتۈر، G3012 قەشقەر(يېڭىشەھەر) - قاغىلىق - قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا قاتناش باشلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئايلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورى تېز شەكىللەندى. شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىدىغان چوڭ يول — G7 بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ داخۇاڭشەن - ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، G30 لىيەنيۈنگاڭ - قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ ئۈرۈمچى - كۈيتۇن بۆلىكى سەككىز ئاپتوموبىل يولىغا ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىش قاتناش ئىقتىدارى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈلدى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا داۋاملىق ياسىلىۋاتقان، يېڭىدىن ياسىلىدىغان تاشيول تۈرى 45كە يەتتى، G30 لىيەنيۈنگاڭ - قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ شياۋساۋخۇ - ئۈرۈمچى بۆلىكىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قاتناش باشلاپ، تىجارەت قىلىنىش پىلانلاندى، G7 بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ ۋۇتۇڭ داچۈەن - ئاراتۈرۈك - باركۆل - مورى بۆلىكىدە ئاساسىي لىنىيەنى تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ چوڭ يول قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى.

شىنجاڭ پۇقرالار ئاۋىئاتسىيەسى قۇرۇلۇشى تېخىمۇ تېزلىتىلدى. نۆۋەتتە شىنجاڭدا 21 پۇقراۋى ئايرودروم ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭدا خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسىدىن 27سى بار بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەھەرلەرگە ئايروپىلان قاتنايدىغان بولدى.

«نۇرغۇن قاتناش ئۇل ئەسلىھەسى تۈرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە پۈتتۈشى شىنجاڭنىڭ قاتناش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىش، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭنى ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، قاتناش تۈگۈنى مەركىزى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىرى جېڭ مىڭچۈەن.

## ئىستېرېئولۇق قاتناشتىكى «ئۈچ ئايلانما لىنىيە» قۇرۇلۇشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، «ئۈچ تاغ ئارىسىدا ئىككى ئويمانلىق» يەر شەكلى مۇھىتىدا، بوستانلىقلار خۇددى چېچىلىپ كەتكەن مەرۋايىتتەك ئويمانلىقنىڭ چېتىگە جايلاشقان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش ئۇل ئەسلىھەسى قۇرۇلۇشىغا كۈچ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىئاتسىيەسى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىستېرېئولۇق «قاتناش چەمبىرىكى»نى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. لېكىن ئۇزاقتىن بۇيان، تۆمۈريول «八» خېتى شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېز بولغان ھالقىسمان تور شەكىللەنمىگەنىدى. دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى غول لىنىيەلىرى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىنى «ئورىۋالدى»، لېكىن يۇقىرى سۈرئەتلىك يول چوڭ ئايلانما لىنىيەسى تېخى بارلىققا كەلمىگەچكە، يول ئايلانمىلىرى كۆپ بولسىمۇ قاتناش تېز ئەمەس ئىدى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش تور قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىئاتسىيەسى جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭدا تەدرىجىي ئايلانما لىنىيەنى شەكىللەندۈردى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىقنىڭ «قاتناش ئۈچ ئايلانما لىنىيەسى»دىن ئىبارەت ئىستېرېئولۇق تور بارغانسېرى روشەنلەشتى.

تاشيول جەھەتتە، بۈلتۈر نۇرغۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورى شەكىللەندى. بۇ يىل، G0711 لىنىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى - لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، G315 لىنىيەسىنىڭ چاقىلىق - نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قاتارلىق تۈرلەردە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلانغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۈرىمۇ تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، تەكلىماكانى ئايلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ تورلىرىمۇ روشەنلەشتى.

تۆمۈريول جەھەتتە، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا بۇ يىل پۈتۈن لىنىيەدە قاتناش باشلىنىپ، تىجارەت قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كۈيتۇن - بېيتۇن تۆمۈريولى، لەنجوۋ - شىنجاڭ لىنىيەسى، ئۈرۈمچى - جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئايلانما لىنىيەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى(شىنجاڭ بۆلىكى) بۇ يىل پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ، كېلەر يىلى پۈتتۈرۈش پىلانلانغان خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىنى قوشقاندا، ھازىر بار بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن تەكلىماكانى ئايلىنىدىغان تۆمۈريول تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بۇ يىل، پۇقرالار ئاۋىئاتسىيەسىنىڭ داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە چېتىشلىقلىرىدىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا ئايرودروملىرىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشلىرى ھەمدە تاشقورغان، موڭغۇلكۈرە، كېرىيە ئايرودرومى قۇرۇلۇش تۈرلىرى بار بولۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان بايىنبۇلاق ئايرودرومى، شەرقىي جۇڭغار(گۇچۇڭ) ئايرودرومى، باركۆل ئايرودرومى، تۇرپان ئايرودرومىنىڭ ئۈچۈش رايونىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئالتاي ۋىلايىتى ھەمباب ئايرودرومى ھەم ھەمباب ئاۋىئاتسىيە كەسپىنىڭ يانداش ئەسلىھە تۈرلىرىدىمۇ ئىش باشلىنىدۇ، نۇرغۇن ئايرودروم قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، زىچ بولغان شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئايلانما ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى تورى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

«ئۇنىۋېرسال قاتناش سىستېمىسى ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ، خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ سودا ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ» دېدى خوتەن ۋىلايەتلىك ئەشيا ئوبوروتى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى پەن فېڭ.

(بېشى 1 - بەتتە)

3 - ئايدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىز قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈرسىگە تىزىپ، خادىملارنى كۆپەيتىپ جىددىي قۇرۇلۇش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى چوڭ كۆۋرۈكنى ئوڭۇشلۇق تۇتاشتۇردۇق» دېدى بيەن داشيېن.

خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ S6 بەلگە تۈرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 155.75 كىلومېتىر بولۇپ، بۈلتۈر 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلانغان، نۆۋەتتە پۈتۈن لىنىيەنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تاماملاندى، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىدا پىلان بويىچە رېلىس ياتقۇزۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، S6 بەلگە تۈر بۆلۈمى يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاشنى كۈچەيتىپ، يېپىق ھالەتتە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەيدانغا كىرگەن ھەربىر خادىمنىڭ سەپەرگە چىقىش ئىزىغا قارىتا چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى تولۇق تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، ھەر كۈنى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشتە چىڭ تۇردى، بىخەتەر قۇرۇلۇش قىلىش بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

ئىگىلىنىشچە، خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 825.476 كىلومېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى مۇھىم رايون يول تورى غول لىنىيەسى، شۇنداقلا شىنجاڭ تۆمۈريول ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن تۇتىشىپ بىر تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى ھاسىل قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىش مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

قىلىنغان ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، قاراماي شەھىرى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»تا ئەڭ ئالدىدا ماڭغان شەھەرگە ئايلاندى. «بىز جەمئىي 2490 ئىش تۈرىدە ‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش›نى ئىشقا ئاشۇردۇق، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ئىش تۈرىدە ‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش› بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردۇق، بۇنىڭ ئىچىدە، 2283 تۈرنى توردا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، توردا بېجىرگىلى بولۇش نىسبىتى %91.7كە يەتتى» دېدى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قاراماي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېڭ شيەنشېڭ.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، قاراماي شەھىرى مەمۇرىي مۇلازىمەت بايلىقىنى ئەڭ چوڭ چەكتە بىرىكتۈرۈپ، كەسىپ تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىش بېجىرىش ھالقىسىنى ئىخچاملىدى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقىت چېكىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %42 قىسقارتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ ئىش بېجىرىش ۋاقتى 2.5 خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا «مەبلەغ سېلىشتا ۋەدە بېرىش تۈزۈمى + ماتېرىيال كەم بولسىمۇ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش»نى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پۈتۈن جەريانلىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقتى 115 خىزمەت كۈنى ئىچىگە قىسقارتىلدى، مەبلەغ سېلىشتا ۋەدە بېرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلغان كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش دەۋرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ تېز يۈگۈرگەن «قاراماي سۈرئىتى»نى ياراتتى.

ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

«ئىلگىرى تىجارەت كىنىشكىسى، يېمەكلىك تىجارىتى ئىجازەتنامىسى، دورا تىجارىتى ئىجازەتنامىسى بېجىرىشتە ناھايىتى كۆپ يازما ماتېرىيال تاپشۇراتتۇق. مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزىگە بىرىپ يەنە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نومۇر ساقلايتتۇق، بىرىپ - كېلىپ قاتراپ بىرنەچچە كۈندىمۇ بېجىرىپ بولالمايتتۇق.» بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى كاڭكاڭ تېببىي دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى لىۋ جيەنجياڭ مۇنداق دېدى: «ھازىر توردا تىزىملىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئۆيدىن چىقمايلا ئالاقە تورى ئارقىلىق خالىغان ۋاقىتتا ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ بەك قولايلىق بولدى».

بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى شۈ مەنلى مۇنداق دېدى: «بىز ‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش› ئىش تۈرى تىزىملىكىدىن 1050نى رەتلەپ ئېلان قىلدۇق. پۈتۈن جەريانلىق ئېلېكتىرونلاشقان رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدۇق، تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىشتە ئىلتىماس قىلىشتىن كىنىشكىنى ئالغۇچە ئۆيدىن چىقماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردۇق، كارخانىلارنى تىزىملاش ۋاقتىنى ئۈچ خىزمەت كۈنى ئىچىگە قىسقارتىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتۇق.» نۆۋەتتە، بايىنغولىن ئوبلاستى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملىغان تۈرلۈك بازار سۇبيېكتىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 150 مىڭ بولۇپ، پەقەت 2019 - يىلىلا يېڭىدىن تەخمىنەن 20 مىڭى كۆپەيدى.

## «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى

ئىسلاھ قىلىشتىكى مەقسەت دەل ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش.

ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ خادىمى جاڭ خۇڭۋېي «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»نى ئالقىشلاپ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئەتىگەندە نومۇر ئېلىپ ئۆچىرەتتە تۇراتتۇق، بىرقانچە ئورۇن، كۆزنەككە قاتراپ، كەچ بولغاندا ئاندىن بېجىرىپ بولالايتتۇق. ھازىر توردا ماتېرىيال يوللاپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى زالىدا بىر بېكەت شەكلىدە بېجىرىپ، 20 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا شىركەتنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش رەسمىيىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازىتى ئىشلىرىنى بېجىرىپ بولغىلى بولىدۇ».

بۈلتۈردىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى «بىر ئىشىك، بىر تور، بىر كۆزنەك، بىر كارتا، بىر قېتىم»نى تۇتقا قىلىپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئىزچىل ئاشۇردى.

بۇنىڭ ئىچىدە، «كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كىرگۈزۈش» تەلىپى بويىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتى كىرىپ ئورۇنلىشىدىغان زالدا كۆزنەك تەسىس قىلىش، ئۇنىۋېرسال كۆزنەككە بېجىرىشنى ھاۋالە قىلىش، شۆبە مەركەز تەسىس قىلىش قاتارلىق ئەندىزىلەرنى قوللىنىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش فۇنكسىيەسى بار ئورۇنلارنى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى زالىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، كەسىپلەرنى مەركەزلىك بېجىرىشكە ماسلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممىۋى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى مەركەزلىك بېجىرىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، «كۆپ نۇقتىدا بېجىرگىلى بولۇش» «ھۆكۈمەت ئىشلىرى تاللا بازىرى» پىكىر يولى بويىچە، خەلق تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان سۇ، توك، گاز، پار، پۇل مۇئامىلە، خەۋەرلىشىش، نېفىت قاتارلىق كارخانىلارنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى زالىدا خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت نۇقتىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشقا ماسلاشتۇرۇپ، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشىگە قولايلىق ياراتتى. نۆۋەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى شۇ دەرىجىلىك 53 ئورۇن(كارخانا)نىڭ 620 ئىش تۈرى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى زالىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، ئورۇنلارنىڭ كىرىپ ئورۇنلىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى، ئىش تۈرلىرىنىڭ كىرىپ ئورۇنلىشىش نىسبىتى %98.7كە يەتتى؛ ناھىيە(شەھەر)لەردىكى تارماقلار ھەم ئىش تۈرلىرىنىڭ كىرىپ ئورۇنلىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %90تىن ئېشىپ، ئىلگىرىكى ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشتە «ئىككى تەرەپكە قاتراش» «كۆپ قېتىم قاتراش» ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىلدى.

قاراماي شەھىرىدە رايون، شەھەر ئىككى دەرىجىلىك كەسىپ سانلىق مەلۇمات ئۈچۈرلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق، ئامما پەقەت بىر تورغا چىقىپ، پەقەت بىر زالغا كىرىپ، پەقەت بىر كۆزنەكنى ئىزدەپ، پەقەت بىر قېتىم ماتېرىيال تاپشۇرۇپلا، «توردا بېجىرىش، يېقىن ئەتراپتا بېجىرىش، پۈتۈن شەھەردە بىرتۇتاش بېجىرىش»نى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، ئامما ئىش بېجىرىشتە تەمىنلەشكە تېگىشلىك ماتېرىياللار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %35تىن ئارتۇق ئازايتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ماتېرىيالى %60تىن ئارتۇق ئازايتىلدى، نەمكەش ئۆي سودىسى 90 مىنۇتتا بېجىرىلىپ بولىدىغان بولدى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۆي - مۈلۈك ئىسپاتى قاتارلىق ئىش تۈرلىرىدە ماتېرىيالنى «نۆل تەمىنلەش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى، پەقەت بىر كىملىك بىلەن بېجىرگىلى بولىدىغان بولدى.

ئىلى ئوبلاستى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق تىجارەت كىنىشكىسىنى بازار سۇبيېكتىنىڭ بىردىنبىر «كىملىك»ىگە، بىرتۇتاش ئىجتىمائىي ئىناۋەت كودىنى بازار سۇبيېكتىنىڭ بىردىنبىر سالاھىيەت كودىغا ئايلاندۇردى. نۆۋەتتە، ئىلى ئوبلاستىدا جەمئىي 29 مىڭ 81 ئورۇنغا «كۆپ كىنىشكە بىرلەشتۈرۈلگەن، بىر كىنىشكىدە بىر كود بولغان» تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىلدى؛ توردا تىزىملاش، پۈتۈن مۇساپىلىك ئېلېكتىرونلاشقان تىزىملاشنى بېجىرگەن ئورۇن جەمئىي 27 مىڭ 535 بولۇپ، توردا بېجىرىش نىسبىتى %84كە يەتتى؛ ئىلتىماس قىلىپ تاپشۇرىدىغان ماتېرىيال ھەم تولدۇرىدىغان سانلىق مەلۇمات تۈرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قىسقارتىلدى، رويخەتكە ئېلىش ۋاقتى 20 - 15 خىزمەت كۈنىدىن بىر خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، ئۇنىۋېرسال تىزىملاش ئۈنۈم ئىقتىدارى %70تىن ئارتۇق ئۆستۈرۈلدى.

ئەلالاشتۇرۇلغان تىجارەت - سودا مۇھىتى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچىنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ يۈنكې ئۇرۇقچىلىقىنىڭ مەسئۇلى جاڭ گۇاڭجۈن مۇنداق دېدى: «بىز ئۇرۇقلۇق كارانتىن كىنىشكىسى بېجىرمەكچى بولغاندا، ئىلى ئوبلاستلىق مەمۇرىيەت مۇلازىمەت زالىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا كۆزنىكىگە مۇددەتتىن بۇرۇن تېلېفون بەردۇق، كىنىشكىنى ناھايىتى تېزلا بېجىرىپ بولدۇق، ۋاقتىمىز تېجىلىپلا قالماي، مۇلازىمەت پوزىتسىيەسىمۇ ياخشى بولدى، بىز ئىنتايىن رازى بولدۇق، سېلىنمىنى يەنىمۇ كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتىمىز».

## «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» بىرىكمە كۈچ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى

«ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتى بىرگە تەگسە ھەممىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سىستېما قۇرۇلۇشى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىرتۇتاش قېلىپلاشتۇرۇلغان ئىش بېجىرىش ئىش تۈرلىرى ئۆلچىمى ۋە كۆرسەتمىسى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە «بىر توردا بىرتۇتاش بېجىرىش» «بىر ئىشىكتە مۇلازىمەت قىلىش»، توردا، تور سىرتىدا ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىكەن. لېكىن نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز پەقەت ئومۇمىي ئىش تۈرى مۇندەرىجىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئىش تۈرلىرىنى رەتلەش، تونۇپ تاپشۇرۇۋېلىش ۋە ئېلان قىلىش ئۆلچىمى تېخى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن، بۇ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئاممىنىڭ ھېس قىلىش تۇيغۇسىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى(ئىسلاھات ئىشخانىسى) ماسلاشتۇرۇش 2 - باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى شې بىڭفېڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، تۈردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى سۇپىسىنىڭ ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۈچۈر توسۇقىنى بۇزۇپ تاشلاشقا كۈچ سەرپ قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر قاتلىمىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا كەسپىي سانلىق مەلۇماتلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئالماشتۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي سانلىق مەلۇمات بايلىقىنى «توپلاش، راۋانلاشتۇرۇش، ئىشلىتىش»نى ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىغا تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەسلىدە بار بولغان كەسىپ سىستېمىسى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە «بىر قېتىملا تورغا چىقىش، بىر توردا بىرتۇتاش بېجىرىش»كە تۈرتكە بولىدۇ. «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە «بىر كۆزنەك» شەكلىدە كارخانا قۇرۇش، كۆپ بېجىرىلىدىغان ئىش تۈرلىرىدە «يۈرۈشلۈك تاماق» شەكلىدىكى مۇلازىمەت، مەبلەغ سېلىشتا ۋەدە بېرىش تۈزۈمى بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە «شەھەر - يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلارنى پائال قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپەيتىشكە، كېڭەيتىشكە بولىدىغان تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

«ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى پەقەت تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشلا ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىز يەنە «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەركەزنىڭ ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە مۇلازىمەت باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىر يۆنىلىشتە كۈچەپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ ساھەدە بىرلا ۋاقىتتا كۈچەپ، شىنجاڭچە «ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئىسلاھاتى + خەلق تۇرمۇشى مۇلازىمىتى + جەمئىيەت ئىدارە قىلىش» «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھات ئەندىزىسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئۇقۇم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىدۇ.